# ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن مۇھىم دەرسلەر

< أويغورية >

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

**تەرجىمە قىلغۇچى:** مۇھەممەد يۇسۇپ

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

بسم الله الرحمن الرحيم

# الدروس المهمة لعامة الأمة

سماحة الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: محمد يوسف

مراجعة: نظام الدين تمكيني

# كىرىش سۆز

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بۇ ئۈممەتكە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن بىلىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىخچام بايان قىلغان كىتابچە بولۇپ، بۇنى «ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن مۇھىم دەرسلەر» دەپ ئاتىدىم.

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابچىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە مەندىن بۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن.

**ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز**

# ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن مۇھىم دەرسلەر

بىرىنچى دەرس: سۈرە پاتىھە ۋە قىسقا سۈرىلەر

سۈرە فاتىھە ۋە قىسقا سۈرىلەرنى سۈرە زەلزەلىدىن سۈرە ناسقىچە ياخشى ئۆگىنىش، مەزكۇر سۈرىلەرنى ئۆلچەملىك يادلاپ ۋە مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىش كېرەك.

ئىككىنچى دەرس: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى بەرپا قىلىش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

«لا إلٰه إلا الله» دېگەن سۆزنىڭ مەناسى: ئاللاھ تائالادىن باشقا بارچە مەبۇدلارنى ئىنكار قىلىپ، ئىلاھلىق ۋە مەبۇدلۇقنى بىر ئاللاھ تائالاغىلا خاسلاشتۇرۇش دېمەكتۇر.

«لا إلٰه إلا الله» كەلىمىسىنىڭ شەرتلىرى: ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلىش، شەك قىلماسلىق، چىن ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇدلارنى رەت قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئىماندا راستچىل بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

«محمد رسول الله» دېگەن سۆزنىڭ مەناسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق

بىرىش. بۇ سۆز بولسا؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەستىق قىلىش، ئۇنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلاش، بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش، توسقانلىرىدىن چەكلىنىش، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا ئاللاھنىڭ يولغا قويغان شەرىئىتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىبادەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۈچىنچى دەرس: ئىماننىڭ ئاساسلىرى

ئىماننىڭ ئاساسلىرى ئالتە تۈرلۈك بولۇپ: ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر.

تۆتىنچى دەرس: تەۋھىد ۋە شېرىكنىڭ تۈرلىرى

تەۋھ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: تەۋھىد رۇبۇبىيە، تەۋھىد ئۇلۇھىيە ۋە تەۋھىد ئەسما ۋە سىففاتتۇر.

تەۋھىد رۇبۇبىيە: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى يالغۇز ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە كائىناتتىكى ھەممە ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى (يەنى پەرۋەردىگارلىقتا يەككە-يېگانە) ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر.

تەۋھىد ئۇلۇھىيە: ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بولغۇچى (يەنى ئىلاھلىقتا يەككە-يېگانە) مەبۇد ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىش دېمەكتۇر. تەۋھىدنىڭ بۇ تۈرى بولسا، «لا إله إلا الله» كەلىمىسىنىڭ مەناسىنى ئۆز ماھىيىتىدە تاپىدۇ. يەنى ناماز بولسۇن ياكى روزا بولسۇن ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ ئىخلاس بىلەن يەككە-يېگانە ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىبادەت سانىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەرپ قىلىنىشى توغرا بولمايدۇ.

تەۋھىد ئەسما ۋە سىفات: ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان مۇبارەك ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى ئۇ زاتقا لايىق بولغان ھالدا ئۇنىڭغا خاس دەپ بىلىش (يەنى ئاللاھ تائالانى گۈزەل ئىسىم ۋە ئالىي سۈپەتلەردە يەككە-يېگانە دەپ ئىشىنىش)، مەزكۇر ئىسىم-سۈپەتلەرنى تەۋىل قىلماستىن، مەخلۇققا ئوخشاتماستىن، مەناسىنى بۇرمىلىماستىن، ئىسىم-سۈپەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرماستىن ئۆز ئەينى بويىچە ئېتىقاد قىلىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ . اللَّهُ الصَّمَدُ . لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ . وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.» [سۈرە ئىخلاس].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ ، وَهُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ ﴾ تەرجىمىسى: «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» [سۈرە شۇرا 11-ئايەت].

بەزى ئەھلى-ئىلىملار تەۋھىدنى ئىككى قىسىمغا بولگەن، يەنى تەۋھىد ئەسما ۋەسسىفاتنى تەۋھىد رۇبۇبىيە بىلەن بىر سانىغان. ئۇلىمالارنىڭ تەۋھىدنى يۇقىرىقىدەك تۆرگە ئايرىشى، تەۋھىدنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى ئاساسى مەقسەتكە ھېچ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

شېرىكنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: چوڭ شېرىك، كىچىك شېرىك، مەخپىي شېرىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن (يەنى چوڭ شېرىك سادىر قىلغان) ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزۇلسا، ئۇنىڭ ئەمەللىرى يوققا چىقىرىلىدۇ. چوڭ شېرىك

ساھىبىنىڭ جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَشْرَكُوا لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە ، بىكار بولۇپ كېتەتتى.» [سۈرە ئەنئام 88- ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَن يَعْمُرُوا مَسَاجِدَ اللَّهِ شَاهِدِينَ عَلَىٰ أَنفُسِهِم بِالْكُفْرِ ۚ أُولَٰئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ وَفِي النَّارِ هُمْ خَالِدُونَ﴾ تەرجىمىسى: «مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا قالىدۇ.» [سۈرە تەۋبە 17-ئايەت].

كىمكى مۇشرىكلىك ھالىتىدە ئۆلسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەرگىزمۇ كەچۈرۈم قىلمايدۇ ۋە جەننەتنى ئۇنىڭغا ھارام قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَاءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَىٰ إِثْمًا عَظِيمًا﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.» [سۈرە نىسا 48-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ ۖ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھدىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد

قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ.» [سۈرە مائىدە 72-ئايەت].

چوڭ شېرىكنىڭ تۈرگە كىرىدىغان ئىشلاردىن: ئۆلۈكلەردىن مەدەت تىلەش، ئۇلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، بۇتلارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما كىچىك شېرىك، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە شېرىك دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، چوڭ شېرىكلەر تۈرىدىن بولمىغان شېرىكلەردۇر. مەسىلەن: ئەمەل ئىبادەتتە رىيا قىلىش، ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش، ئاللاھ خالىدى ۋە پالانچى خالىدى دېيىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئىش ۋە سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقىدىغىنىم كىچىك شېرىك يەنى رىيادۇر» دېگەن. [ئەھمەد، بەيھەقىي، تەبەرانىي رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.» [ئەھمەد رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ خالىدى ۋە پالانچى خالىدى دېمەستىن، ئاللاھ خالىدى ئۇنىڭدىن كېيىن پالانچى خالىدى دەڭلار.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

بۇ تۈردىكى شېرىكلەرنى سادىر قىلغۇچىلار ئىماندىن چىقمايدۇ ياكى دوۋزاختا مەڭگۈ قىلىشنى ۋاجىپ قىلمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەۋھىدىنىڭ كامىل بولۇشنى چەكلەپ قويىدۇ.

مەخپىي شېرىك: ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئەبى سەئىد ئەلخۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ خەتەرلىك بىر ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ دېۋىدى، ساھابىلار: دەپ بەرسىلە يا رەسۇلۇللاھ! دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: ئۇ بولسىمۇ، مەخپىي شېرىك يەنى بىراۋ باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغانغا ئوخشاشتۇر.» [ئەھمەد رىۋايىتى].

شېرىكنى چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككىگىلا بۆلۈشمۇ مۇمكىن. چۈنكى مەخپىي شېرىك كىچىك شېرىك قاتارىغا كىرىدۇ.

چوڭ شېرىك مۇناپىقلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىگە ئوخشاش بولۇپ، چۈنكى ئۇلار باتىل ئېتىقادلىرىنى يوشۇرۇپ، كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىرىنى دەۋا قىلىدۇ.

كىچىك شېرىك، يۇقىرىدا ئەبى سەئىد ئەلخۇدەرىينىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ئەمەلدە رىيا قىلىشتەك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بەشىنچى دەرس: ئېھسان

ئېھساننىڭ ماھىيىتى: ئېھسان ئىبادەتتە خۇددى سىز ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭىزدۇر. گەرچە سىز ئۇنى كۆرمىسىڭىزمۇ، ئۇ سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئالتىنچى دەرس: نامازنىڭ شەرتلىرى

نامازنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىدەك توققۇز تۈرلۈك ئىشلاردىن ئىبارەت:

1-مۇسۇلمان بولۇش.

2- ئاقىل بولۇش.

3-بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

4- جىسمانىي پاك بولۇش.

5- تاھارەتلىك بولۇش.

6-ئەۋرەتنى يېپىش.

7-ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى.

8-قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.

9-نىيەت قىلىش.

يەتتىنچى دەرس: نامازنىڭ پەرزلىرى

نامازنىڭ پەرزلىرى تۆۋەندىكىدەك ئون تۆت تۈرلۈك ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر:

1-قىيامدا تۇرۇش. (يەنى قادىر بولۇش شەرتى ئاستىدا).

2-تەھرىمدە تۇرۇش تەكبىرى. (يەنى نامازغا كىرىش تەكبىرى).

3- سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش.

4- رۇكۇغا بېرىش.

5- رۇكۇدىن كېيىن قەددىنى رۇس تۇتۇش.

6- يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىش.

7- سەجدىدىن تۇرۇش.

8- ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئازراق ئولتۇرۇش.

9- نامازنىڭ بارلىق پەرزلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش.

10- نامازنىڭ پەرزلىرىنى تەرتىپ بىلە قىلىش.

11-ئاخىرقى تەشەھھۇد.

12-تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش.

13- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىش.

14-ئىككى تەرەپكە سالام بېرىش.

سەككىزىنچى دەرس: نامازنىڭ ۋاجىبلىرى

نامازنىڭ ۋاجىبلىرى تۆۋەندىكدەك سەككىز تۈرلۈك ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر:

1- نامازغا كىرىش تەكبىردىن باشقا بارلىق تەكبىرلەر.

2- «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە»دېيىش.

3- «رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ»دېيىش.

4- رۇكۇدا «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېيىش،.

5- سەجدىدە «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا » دېيىش.

6- ئىككى سەجدە ئارىسىدا «رەببىغفىر لى» دېيىش.

7- بىرىنچى تەشەھھۇد.

8- تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش.

توققۇزىنچى دەرس: تەشەھھۇدنىڭ بايانى

تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا تۆۋەندىكى دۇئالار ئوقۇلىدۇ:

(اَلتحِياتُ لِلهِ وَالصلواتُ وَالطيباتُ. اَلسلامُ عليكَ اَيها النبِىءِ وَرَحمةُ اللهِ وَبرَكاتهُ. اَلسلامُ علينا وَعلى عِبادِ اللهِ الصالِحين. اَشهد اَنْ لا اِله اِلا الله وَاَشهد اَنّ محمداً عبدهُ وَرَسوله.) تەرجىمىسى: «ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، سالام ۋە دۇرۇتلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر. ئامانلىق بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا ۋە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.» [بۇخارىي رىۋايىتى].

(اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.) تەرجىمىسى: « ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتتۇرسەن.» [بۇخارىي رىۋايىتى].

(اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.) تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام-نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام ـ نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك زاتتۇرسەن.» [بۇخارىي رىۋايىتى].

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، قەبرە ئازابى ۋە جەھەننەمنىڭ دەھشىتىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھايات ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسى قاتارلىقلاردىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ خالىغان دۇئالارنى قىلسا بولىدۇ.

(اللّٰهُمَّ أعني على ذكرك وشكرك وحسن عبادتك. اللّٰهُمَّ إني ظلمت نفسي ظلماً كثيراً، ولا يغفر الذنوب إلا أنت، فاغفر لي مغفرة من عندك وارحمني إنك أنت الغفور الرحيم) تەرجىمىسى: ئى پەرۋەردىگارىم! سىنى ياد ئېتىشىمدە، ساڭا شۈكۈر ئېيتىشىمدا، ئىبادەتلەرنى ئەڭ گۈزەل يول بىلەن ئادا قىلىشىمدا ماڭا

ياردەمچى بولغىن. ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مەن ئۆز نەپسىمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم. سەندىن باشقا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى يوقتۇر. سەن مېنىڭ گۇناھلىرىمنى ئۆز پەزلىڭ بىلەن مەغپىرەت قىلغىن. ماڭا رەھىم قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن ناھايىتى شەپقەتلىك ئەپۇ قىلغۇچىدۇرسەن.

ئەمما بىرىنچى تەشەھھۇدتا، ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا ئۈچۈنچى رەكئەتكە تۇرىدۇ. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ۋەسالام ئېيتقاندىن كېيىن ئۈچۈنچى رەكئەتكە تۇرۇش بولسا، ھەدىسنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئەۋزەل دەپ قارىلىدۇ.

ئونىنچى دەرس: نامازنىڭ سۈننەتلىرى

نامازنىڭ سۈننەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-نامازنى باشلاش.

2- قىيامدا تۇرغاندا، ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مەيدىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇش.

3-نامازغا باشلاش تەكبىرىدە (يەنى تەكبىرەتۇل ئىهرامدا)، رۇكۇغا بارغاندا ۋە رۇكۇدىن تۇرغاندا، بىرىنچى تەشەھھۇدتىن ئۈچۈنچى رەكئەتكە تۇرغاندا بارماقلارنى ھەم تۇتۇپ، دولىنىڭ بارابىرىدە ياكى ئىككى قۇلاقنىڭ يېنىغا قەدەر كۆتىرىش.

4-سەجدە ۋە رۇكۇلاردا تەسبىهلەرنى بىردىن كۆپ ئوقۇش.

5-رۇكۇدىن تۇرغاندا، «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» نى ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىش.

6-رۇكۇدا باشنى دۈمبە بىلەن تەڭ تۇتۇش.

7-سەجدىدە ئىككى بىلەكنى ئىككى ياندىن، قورساقنى ئىككى تىزدىن، ئىككى يوتىنى ئىككى پۇتتىن يىراق تۇتۇش.

8-سەجدىدە ئىككى بىلەكنى يەرگە تەككۈزمەسلىك.

9-بىرىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا سول پۇتنى يېيىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇش ۋە ئوڭ پۇتنىڭ بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ تىك تۇتۇش.

10-تۆت ياكى ئۈچ رەكئەتلىك نامازلارنىڭ ئاخىرىقى ئولتۇرۇشىدا كاسىنى يەرگە قويۇپ، سول پۇتنى ئوڭ پۇتنىڭ ئاستىدا تۇتۇش.

11-تەشەھھۇددا تەھىييات دۇئاسىنىڭ «أشهد أن لا إله» دېگەن يېرىدە ئىشارەت بارماقنى كۆتۈرۈش ۋە «إلا الله» دېگەندە چۈشۈرۈش.

12-بىرىنچى تەشەھھۇدتا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالاملارنى يوللاش.

13-ئاخىرىقى تەشەھھۇدتا خالىغان دۇئالارنى ئوقۇش.

14-بامدات، جۈمە، خۇپتەن، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش.

15-پېشىن، ئەسىر، شامنىڭ ئاخىرىقى رەكئەتىدە ۋە خۇپتەننىڭ ئاخىرىقى ئىككى رەكئەتىدە قىرائەتنى ئىچىدە ئوقۇش.

16-نامازدا فاتىھەدىن كېيىن باشقا سۈرىلەرنىمۇ ئوقۇش.

17-رۇكۇدىن تۇرغاندا «رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ» نى دېيىش ئىمام، جامائەت ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغانلار ئۈچۈن سۈننەتتۇر. شۇنداقلا رۇكۇدا ئىككى قولنى تىزغا قويۇپ بارماقلارنى ئېچىپ تۇرۇش سۈننەتتۇر.

## ئون بىرىنچى دەرس: نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكى سەككىز تۈرلۈك ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر:

1-بىلىپ تۇرۇپ نامازدا قەستەن سۆز قىلىش. ئەمما ئۇنتۇغان ياكى بىلمەستىن سوز قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ نامىزى بوزۇلمايدۇ.

2-نامازدا كۈلۈش.

3-نامازدا يېيىش.

4-نامازدا ئىچىش.

5-نامازدا ئەۋرىتى ئېچىلىپ قېلىش.

6-نامازدا قىبلىدىن باشقا تەرەپكە يۈزنىلىش.

7-نامازدا كىچىك ھەركەتلەرنى كۆپ قىلىش.

8-تاھارەتنىڭ سۇنۇشى.

ئون ئىككىنچى دەرس: تاھارەتنىڭ شەرتلىرى

تاھارەتنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-مۇسۇلمان بولۇش.

2-ئاقىل بولۇش.

3-بالىغ بولۇش.

4-قەلبىدە نىيەت قىلىش.

5-تاھارەت ئۈچۈن پاكىزلاش ۋاجىپ بولغان جايلارنى تازىلاش.

6-تاھارەتتىن بۇرۇن ھاجەتنى تۈگىتىش.

7- قەغەز ياكى چالما بىلەن تازىلاش.

8-ئىستىنجا قىلىش.

9- تاھارەت ئالىدىغان سۇنىڭ پاكىز ۋە مۇباھ بولىشى.

10 -تاھارەتتە بەدەنگە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان نەرسىلەرنى يوق قىلىش.

ئون ئۈچىنچى دەرس: تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك ئىشلاردىن ئىبارەت:

1-يۈزنى يۇيۇش (ئېغىزنى چايقاش، بۇرۇنغا سۇ ئېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

2-ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

3-باشقا مەسھ قىلىش (قۇلاقلارنى سىلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

4-ئىككى پۇتنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

5- تەرتىبگە رىئايە قىلىش.

6- ئەزالارنى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇيۇش.

يۈزنى، قول ۋە پۇتلارنى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش مۇستەھەبتۇر. شۇنداقلا ئاغزىنى ۋە بۇرنىنى ئۈچ قېتىم چايقاشمۇ مۇستەھەبتۇر. چۈنكى پەرز بولغىنى ھەممىسىدە پەقەت بىر قېتىمدىن يۇيۇشتۇر.

ئون تۆتىنچى دەرس: تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك ئىشتىن ئىبارەتتۇر:

1- چوڭ كىچىك تەرەتنىڭ چىقىشى.

2- بەدەندىن قان ياكى يىرىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چىقىشى.

3- ئەقلىنىڭ يوقىلىشى.

4- ئەۋرەتنى قول بىلەن توسالغۇسىز تۇتۇش.

5- مۇرتەد بولۇش.

6- تۆگە گوشى يېيىش.

مۇھىم ئىلاۋە: ئەمما كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ كۆزقارىشىدا مېيىتنى غۇسلىغا ئىلىش ئارقىلىق غۇسلىغا ئالغۇچىنىڭ تاھارىتى سۇنمايدۇ. مېيىتنى غۇسلى قىلدۇرغۇچىنىڭ تاھارىتى سۇنىدۇ دەيدىغانغا سەھىھ دەلىل يوق. لېكىن غۇسلى قىلدۇرغۇچىنىڭ قولى مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا مېيىتنىڭ ئەۋرەتلىرىگە توسالغۇسىز تەككەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا تاھارەتنى يېڭىلاش ۋاجىب بولىدۇ.

مېيىتنى غۇسلى قىلدۇرغۇچى كىشى مېيىتنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يۇيۇشتا پەلەي ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر ئارقىلىق يۇيۇش ۋاجىب بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئەر كىشى ئايالىنى تۇتسا، يەنى شەھۋەت بىلەن ياكى شەھۋەتسىز تۇتسۇن، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە چىقمىغانلا بولسا ئۇلىمالارنىڭ كۈچلۈك قارىشىدا تاھارەت سۇنمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بەزىلىرىنى سۆيۈپ بولغاندىن كېيىن تاھارەت ئالماستىنلا ناماز ئوقۇغان.

ئون بەشىنچى دەرس: مۇسۇلماننىڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە بولۇشى

مۇسۇلماننىڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە بولۇشى تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: راستچىللىق، ئىشەنچلىك بولۇش، ئامانەتكە ئەمىن بولۇش، شۇجائەتلىك بولۇش، سېخى بولۇش، ۋاپادار بولۇش، ھايالىق بولۇش، ھارامدىن قېچىش، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولۇش، قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش قاتارلىق قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە بۇيرۇلغان ياخش ئەخلاقلار مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

ئون ئالتىنچى دەرس: ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش

ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۆز-ئارا سالاملىشىش، خۇش چىراي بولۇش، ئوڭ قول بىلەن يېيىش ۋە ئىچىش، يېيىش ۋە ئىچىشتىن بۇرۇن بىسمىللا دېيىش، چۈشكۈرگەندە ئەلھەمدۇ لىللاھ دېيىش، كېسەل يوقلاش، جىنازە نامىزى ۋە مېيىتنى يەرلىكتە قويۇشقا قاتنىشىش، مەسچىتكە كىرگەندە ۋە چىققاندا، سەپەردە، ئاتا ـ ئانىلار يېنىدا، تۇغقانلار، خوشنىلار ۋە چوڭلار يېنىدا ئىسلامى ئەخلاق بويىچە ئىش كۆرۈش، تۇغۇلغان بالىنى تەبرىكلەش، توي قىلغانلارنى تەبرىكلەش، مۇسىبەتكە تەزىيە بىلدۈرۈش، كىيىم-كىچەك كەيگەندە ئوڭدىن، سالغاندا سولدىن سېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامى ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ.

ئون يەتتىنچى دەرس: شېرىك ۋە باشقا گۇناھلاردىن يىراق بولۇش

ئاگاھ بولۇشقا تېگىشلىك شېرىك ۋە باشقا گۇناھلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانا يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، جىھادتىن قېچىش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش ۋە پاك ئاياللارغا زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىشتۇر. شۇنداقلا يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان ئىشقا قەسەم قىلىش، خوشنىسىغا ئازار قىلىش، ئۇرۇغ-تۇققانلاردىن سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش، باشقىلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى تۆكۈش، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش قاتارلىق ئىشلار ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نابۇت قىلىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

ئون سەككىنچى دەرس: كېپەنلەش، نامىزىنى ئوقۇش ۋە دەپنە قىلىش

مېيىتنى كېپەنلەش، نامىزىنى ئوقۇش ۋە دەپنە قىلىش تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1- سەكەراتقا چۈشكەن كىشىگە «لا إِلَهَ إِلا اللهُ» نى تەلقىن قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەكراتتىكى كىشىلىرىڭلارغا «لا إِلَهَ إِلا اللهُ» نى تەلقىن قىلىڭلار، دېگەن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

2-مېيىت جان ئۈزگەندە كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇش.

3-مۇسۇلمانىنىڭ ئۆلۈكىنى يۇيۇش. ئەگەر شېھىد بولسا ئۇنى يۇماستىن نامىزىنىمۇ ئوقۇماستىن كىيىم-كېچىكى بىلەنلا دەپنە قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان.

4-مېيىتنى يۇيۇش ئۇسۇلى: مېيىتنىڭ ئەۋرىتىنى توسىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قورسىقىنى يەڭگىل بېسىپ سىرىيدۇ، يۇغۇچى قولىغا رەخت

**پارچىسىنى يۆگەپ ياكى پەلەيگە ئوخشاش بىر نەرسە كىيىپ، مېيىتنى ئىستىنجا قىلدۇرىدۇ ۋە باشقا نىجاسەت يۇقۇپ قالغان يەرلەرنى يۇيىدۇ.** ئۇنىڭدىن كېيىن مېيىتنى نامازغا تاھارەت ئالدۇرغاندەك كامىل تاھارەت ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى يۇيىدۇ، ئاندىن ئوڭ تەرىپىنى كېيىن سول تەرىپىنى يۇيىدۇ. بىردىن ئۈچ قېتىمغىچە يۇيۇلىدۇ. ھەر قېتىم يۇغاندا مېيىتنىڭ قورسىقىنى سىلىق ۋە يۇمشاق سىقىدۇ. ئەگەر ئىچىدىن بىر نەرسە چىقسا يۇيۇلىدۇ. ئۈچ قېتىم يۇيۇشتا پاك بولمىسا بەش قېتىمدىن يەتتە قېتىمغىچە يۇيۇش لازىم. يۇيۇپ بولۇپ ئۇنى قۇرۇق نەرسە بىلەن ئېيتىپ بەدەنلىرىگە خوش بۇي ئىشلىتىدۇ. ساقال بۇرۇتلىرى ئۇزۇن بولسا قىسقارتىدۇ. ئەگەر شۇ بويىچە قالسىمۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ. مېيىت سۇغا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، چاچلىرى تارالمايدۇ، خەتنە قىلىنمايدۇ، سۈننەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى مېيىت ئۈچۈن قىلىشقا سۈننەتتە ھېچ دەلىل بايان قىلىنمىغان.

5-مېيىتنى كېپەنلەش:

ئەر كىشىنى ئاق ئۈچ پارچە رەخت بىلەن كېپەنلەش ئەۋزەلدۇر. ئىككى پارچىمۇ كىپايە قىلىدۇ. كېپەننىڭ ئىچىگە كىيىم، مېيىتنىڭ بېشىغا سەللە ئورالمايدۇ. ئايال كىشى بەش پارچە رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ. كىچىك بالا بىر پارچىدىن ئۈچ  پارچىغىچە رەخت بىلەن كېپەنلىنىدۇ.

ئەمما ھەممىسى ئۈچۈن پەرز بولغىنى ئەسلىدە بىر پارچە رەخت بىلەن كېپەنلەش. بۇ بىر پارچە رەخت مېيىتنىڭ ھەممە يېرىنى يېپىپ تۇرىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر مېيىت ئېھرامدا بولغان بولسا ئۇنى يۇيۇندۇرۇپ ئۆز ئېھرامى ياكى باشقا كېپەنلىك رەخت بىلەن خوشبۇي چاچماستىن كېپەنلەيدۇ. باش ۋە يۈز قىسمىنى يوگىمەيدۇ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى چاچمايدۇ. چۈنكى ئېھرامدىكى ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزۇلغان كىشى قىيامەت

كۈنىدە لەببەيىك ئېيتقان ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

ئەگەر ئېھرامدىكى ھالەتتە ۋاپات بولغان كىشى ئايال بولسا، نورمالدا ئاياللار قانداق كېپەنلەنسە شۇنداق كېپەنلەندۈرۈلىدۇ. ئەمما خۇشبۇي نەرسىلەر ئىشلىتىلمەيدۇ، يۈزى نىقاب تاقالمايدۇ، قولىغا پەلەي كىيگۈزۈلمەيدۇ. لېكىن يۈزى ۋە قوللىرى كېپەنلىك رەخت بىلەن يوگىلىدۇ.

6-مېيىتنى يۇيۇشقا ھەقلىق كىشى مېيىتنىڭ ۋەسىيەت قىلغان كىشىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغقانلىرىدىن ئەڭ يېقىنىدۇر. ئايال مېيىتنى يۇيىشقىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەسىيەت قىلغان كىشىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن مومىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىن تۇغقىنىدۇر. ئەر-خوتۇن بولغان كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى يۇغا ئېلىشى جايىز بولۇپ، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىنى يۇغا ئالغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى يۇغا ئالغان.

7-جىنازە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى: جىنازە نامىزى ئۆرە تۇرۇپ تۆت تەكبىر بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدۇ. ئىمام بىلەن بىرلىكتە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىرىنچى تەكبىر ئېلىنىدۇ. قوللار باشقا نامازلاردىكىدەك كىندىكنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە سۈرە پاتىھە ئوقۇلىدۇ. پاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى تەكبىر ئېلىنىدۇ ۋە «ئاللاھۇممە سەللى ۋە بارىك» (يەنى تەشەھھۇدتا ئوقۇلىدىغان) دۇرۇتلىرى ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىمام بىرلىكتە ئۈچىنچى تەكبىر ئېلىنىدۇ ۋە جىنازە دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. (اللّٰهُمَّ اغفر لحينا وميتنا وشاهدنا وغائبنا وصغيرنا وكبيرنا وذكرنا وأنثانا، اللّٰهُمَّ من أحييته منا فأحييه على الإسلام)، ومن توفته منا فتوفه على الإيمان. اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ ، وارْحَمْهُ ، وعافِـهِ ، واعْـفُ

عنْهُ ، وَأَكرِمْ نزُلَهُ ، وَوسِّعْ مُدْخَلَهُ واغْسِلْهُ بِالماءِ والثَّلْجِ والْـبرَدِ ، ونَقِّـه مـنَ الخَـطَايَا، كما نَقَّيْتَ الثَّوب الأَبْيَضَ منَ الدَّنَس ، وَأَبْدِلْهُ دارا خيراً مِنْ دَارِه ، وَأَهْلاً خَيْراً منْ أَهْلِهِ، وزَوْجاً خَيْراً منْ زَوْجِهِ ، وأدْخِلْـه الجنَّـةَ ، وَأَعِـذْه مـنْ عَذَابِ القَبْرِ ، وَمِنْ عَذَابِ النَّـار، وافسـح له في قـبره ونـوِّر له فيـه، اللَّهُمَّ لا تحرمنا أجره ولا تضلنا بعده) تەرجىمىسى: «ئى ئـاللاھ، تىرىكلىرىمىزنى، ئۆلـۈكلىرىمىزنى، كىچىكلىرىمىزنـى، چـوڭلىرىمىزنى، ئەرلىرىمىزنـى، ئاياللىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىـن. ئـى ئـاللاھ! بىـزدىن ھايـات بـار بولغانلىرىمىزنى ئىسلام بىلەن ياشـىغىلى مۇيەسسـەر قىلغىـن. ئـارىمىزدىن كىمنىكى ۋاپات تاپقۇزساڭ ئۇنى ئىمان بىلەن قەبزى روھ قىلغىن. ئى ئاللاھ، ئۇنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنى سالامەت قىلغىن، ئـۇنى ئەپـۇ قىلغىن، ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالغىن، كىرىدىغان يېرىنى كەڭرى قىلغىـن، ئـۇنى سۇ بىلەن، قار بىلەن ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن، ئـۇنى ئـاق كىيىمنـى كىـردىن پاكىزلىغىنىڭدەك خاتالىقلىرىدىن پاكىزلىغىن، ئۇنىڭغـا بـۇ يۇرتىنىـڭ ئورنىغـا ياخشى بىر يۇرت ئاتا قىلغىن، بۇ ئائىلىسىنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئائىلە ئاتـا قىلغىن، ئاياللىنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئايـال ئاتـا قىلغىـن، ئـۇنى جەنـنەتكە كىرگۈزگىن، ئۇنى قەبرىدىكى پىتنىدىن ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. ئۇنىـڭ قەبرىسىنى كەڭرى ۋە نۇرلۇق قىلغىن. ئى ئـاللاھ ئۇنىـڭ ياخشـىلىقلىرىدىن مەھرۇم قىلمىغىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ئازدۇرمىغىن».

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام بىلەن بىرلىكتە تۆتىنچى تەكبىر ئېلىنىـپ سـالام بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىنازە نامىزى ئاخىرلىشـىدۇ. ھەر تەكبىـردە قـولنى كۆتۈرۈش مۇستەھەبتۇر. ئۆز تىلىدا ھەركىم بىلگەن دۇئالىرىنى ئوقۇپ مېيىتكە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەيدۇ. ئەر جىنازىسىنى ئوقۇيدىغان ئىمام ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۇدۇلىدا، ئايـال جىنازىسـىنىڭ نـامىزىنى ئوقۇيـدىغان ئىمـام ئايـال جىنازىسـىنىڭ ئوتتۇرىسـىغا ئۇدۇللىنىـپ تۇرىـدۇ. جامـائەت

ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ جىنازە قىبلىگە قارىتىلىپ قويىلىدۇ. ناماز قىبلىگە قاراپ ئوقۇلىدۇ. جامائەتنىڭ ئىمام ئارقىسىدا تۇرىدىغانغا يەر قالمىغاندا، ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ.

8-مېيىتنى دەپنە قىلىش: يەرلىكنى ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگىدەك كولاش، ئىچكى يەرلىك قىبلە تەرەپكە بولۇش، مېيىتنى ئوڭ تەرىپىنى باسقۇزۇپ ياتقۇزۇش، مېيىت ئەر ياكى ئايال بولسۇن يۈزىنى ئاچماستىن كېپەننى چەككەن شوينىنى يېشىۋېتىش، ئۈنىڭدىن كېيىن خام كېسەك بىلەن ئۈستىنى ياخشىلاپ يېپىپ، توپا كىرمىگىدەك ھالەتتە ئېتىۋېتىش كېرەك. ئەگەر خام كىسەك تېپىلمىغان تەقدىردە، تاش ياكى ياغاچ قاتارلىق ئىچ يەرلىككە توپا كىرىپ كېتىشنى توساپ قالغىدەك نەرسە بىلەن ئېتىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىنىدۇ. يەرلىككە توپا تاشلىغاچ: «بىسمىللاھ، ۋەئەلا مىللەتى رەسۇلۇللاھ» دېيىش، قەبرىنى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە قىلىپ، ئۈستىگە تاش قويۇپ قويۇش، قەبرىنىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىش قاتارلىقلار مۇستەھەبتۇر.

دەپنىگە كەلگەنلەرنىڭ قەبىر ئۈستىدە تۇرۇپ مېيىتقا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىشى سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەبرە بېشىدا تۇرۇپ: «قېرىندىشىڭلارغا مەغپىرەت تىلەڭلار، ھازىر ئۇ سوئال سورالماقتا،» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

9-كىمكى مېيىت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا، دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا مېيىت نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان. لېكىن مېيىتنىڭ دەپنە قىلىنغىنىغا بىر ئايدىن ئاشمىغان بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر مېيىتنىڭ دەپنە قىلىنغىنىغا بىر ئايدىن كوپ ۋاقىت ئۆتكەن بولسا، مەزكۇر مېيىتنىڭ قەبرىسىدە جىنازە نامىزىنى ئوقۇش يولغا قويۇلمىغاندۇر. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە بايان قىلىنغان ھەدىسلەردە، مېيىتنىڭ دەپنە قىلىنغىنىغا بىر ئايدىن

ئاشقان بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە نامزىنى قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھېچبىر ئىشارەت يوق.

10-مېيىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ باشقىلارغا تاماق يېگۈزۈشى جائىز ئەمەس. ئەمما باشقىلارنىڭ مۇسىيبەت ئىگىلىرىگە تائام بېرىشى جائىزدۇر. جەپەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلگەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلىرىنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە يېمەكلىك ھازىرلاشقا بۇيرۇپ، «شۇبھىسىزكى، بۇ مۇسىيبەت ئۇلارنى مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ» دېگەن.

مۇسىيبەت ئىگىسىگە باشقىلار تەرىپىدىن ھەدىيە كەلگەن تاماقلارغا قوشنىلىرى ۋە باشقىلارنى دەۋەت قىلىشى دۇرۇستۇر.

11-ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن باشقىسى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى جائىز ئەمەس. ئېرى ئۈچۈن تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتىدۇ. ئەگەر ئېغىر ئاياق بولسا بالىسىنى تۇغقاغا قەدەر ھازا تۇتىدۇ. مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە سابىتتۇر. ئەمما ئەرلەر ھېچكىمگە ھازا تۇتمايدۇ.

12-ئەرلەرنىڭ قەبرىستاننى ئاراسىرىدا زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ ئاللاھتىن ئۇلارغا رەھمەت تىلىشى قاتارلىق ئىشلار شەرئەتتە يولغا قويۇلغاندۇر. قەبرە زىيارىتى ئىنسانغا ئۆلۈمنى يادلاندۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قەبرىستاننى زىيارەت قىلىڭلار، ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى يادلاندۇرىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملىرىغا قەبرىستاننى زىيارەت قىلغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەلىم بەرگەن ئىدى: (السَّلامُ عَلَيكُمْ أَهْلَ الدِّيارِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ والمُسْلِمِينَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لاَحِقُونَ، نسْأَلُ اللَّهَ لَنَا وَلَكُمُ العافِيَةَ) تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بۇ جايدا ياتقان

مۆمىن مۇسۇلمانلارغا بولسۇن. بىزدىن ۋاپات بولغانلار ۋە ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ رەھىم قىلغاي. بىزمۇ ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا ئەلۋەتتە سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئاللاھ تائالادىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەمما ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەبرە زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلغان. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ قەبرە زىيارىتى جەريانىدا پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قىلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مۇسىيبەتكە سەبرسىزلىكىدىن ئەنسىرىگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانغىچە بېرىشىنىمۇ چەكلىگەن.

ئەمما مېيىت نامىزى ئەر ـ ئايال ھەممە كىشى ئۈچۈن پەرز كۇپايىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

IslamHouse.com